## 237679 ـ راپىزىلار ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھاراق ئىچكەن دەپ تۆھمەت قىلغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

ەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئالىملىرىنىڭ كىتابلىرىدا مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنمۇ ھاراق ئىچكەن دەپ بارمۇ؟ بەزى شىئەلەر بىلەن مۇنازىرە قىلىشقاندا، ئۇلار شۇنداق دېدى، ئۇلارغا قانداق رەددىيە بېرىشنى بىلەلمىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيەلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قىلىنغان ئوپ ـ ئوچۇق تۆھمەت، يالغان، توقۇلمىدىن ئىبارەت، ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئېنىق بولمىغان دەلىللەر بىلەن يەنە بىر مۇسۇلماننى تۆھمەت قىلىشى توغرا بولمايدۇ، ئادەتتىكى كىشىلەرنى دەلىل ـ ئىسپاتسىز تۆھمەت قىلىش چوڭ گۇناھ بولىدىغان تۇرسا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ئىسلامدا مەشھۇر كىشىلەرنى تۆھمەت قىلغۇچىنىڭ جىنايىتى قانداق بولىدۇ؟!.

ئۆمەر پارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن باشلاپلا ھاراققا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان، ھاراق ھارام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خەتىرى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھاراقنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىنغان ۋاقىتدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھ! ھاراق توغرىسىدا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئارام تاپقۇدەك ئوچۇق ھۆكۈم بايان قىلىپ بارگەيلا دېدى، بەقەرە سۈرىسىدىن بۇ ئايەت نازىل بولدى:يَسْأَلُونَكَ عَنِ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ ۖ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌتەرجىمىسى: ئى مۇھەممەد! سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ ھەر ئىككىسى چوڭ گۇناھ، دېگىن. [سۈرە بەقەرە 219-ئايەت].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرتىلىپ بۇ ئايەت تىلاۋەت قىلىپ بېرىلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھ! ھاراق توغرىسىدا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئارام تاپقۇدەك ئوچۇق ھۆكۈم بايان قىلىپ بارگەيلا دېدى. ئىككىنچى باسقۇچتا سۈرە نىسادىكى بۇ ئايەت نازىل بولغاندا: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْرَبُوا الصَّلَاةَ وَأَنتُمْ سُكَارَىٰ حَتَّىٰ تَعْلَمُوا مَا تَقُولُونَ وَلَا جُنُبًا إِلَّا عَابِرِي سَبِيلٍ حَتَّىٰ تَغْتَسِلُواتەرجىمىسى: ئى مۆمىنلەر! سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە، جۇنۇپ بولساڭلار، ـ يول ئۈستىدە بولغانلار (بۇنىڭدىن) مۇستەسنا، ـ غۇسلى قىلمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار، [سۈرە نىسا 43-ئايەت].

نامازغا تەكبىر ئېيتىلغان ۋاقىتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ جاكارچىسى كىشىلەرگە: دىققەت قىلىڭلار! مەس بولۇپ قالغان كىشىلەر نامازغا يېقىنلاشمىسۇن دېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرتىلىپ بۇ ئايەت تىلاۋەت قىلىپ بېرىلگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ: ئى ئاللاھ! هاراق توغرىسىدا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئارام تاپقۇدەك ئوچۇق هۆكۈم بايان قىلىپ بارگەيلا دېدى. كېيىنكى باسقۇچتا سۈرە مائىدەدىكى بۇ ئايەت نازىل بولغاندا: فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ تەرجىمىسى: سىلەر ئەمدى (هاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟. [سۈرە مائىدە 91-ئايەتنىڭ بىرقىسمى]. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ياندۇق ئى ئاللاھ!" دېگەن.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى3670-هەدىس].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ خەلىپە بولغاندىن كېيىن كىشىلەرنى هاراقتىن ئاگاھلاندۇرۇش ۋە هاراقنىڭ هۆكمىنى تولۇق بايان قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرى ئۈستىدە تۇرۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئى ئىنسانلار! هاراقنىڭ هارام ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىندى، هاراق بەش تۈرلۈك نەرسىدىن ياسىلىدۇ، ئۈزۈم، خورما، هەسەل، بۇغداي ۋە ئارپا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەقىلنى يوق قىلىدىغان(يۆگەيدىغان) هەرقانداق نەرسە هاراقتۇر.[بۇخارى رىۋايىتى4619-هەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى3032-هەدىس].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ هاراق ئىچكۈچىلەرگە جازا بېكىتىش ئىشلىرىدا، هاراق ئىچكۈچىگە بېكىتىلگەن ئوچۇق جازا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىدا پىشقەدەم ساھابىلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، بۇ جەمئىيەتتىن تازىلىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا هاراق ئىچكەن بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۇ ئادەمنى خورمىنىڭ شاخلىرى بىلەن قىرىق قېتىمغا يېقىن ئۇردى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا، بۇ مەسىلە توغرىسىدا ساھابىلار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باردى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: جازانىڭ يەڭگىلراقى سەكسەن دەررە دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ هاراق ئىچكەن ئادەمنى سەكسەن دەررە ئۇرۇشقا بۇيرىدى.[مۇسلىم رىۋايىتى1706-هەدىس].

ئەقلى-هۇشى جايىدا بىر ئىنسان شۇنى ئويلاپ باقسۇنكى! بىر ئىنسان هاياتى بويىچە مۇسۇلمانلار جەمئىيتىنى هاراقتىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پاكىزلاشقا ئەھمىيەت بىرىپ، ئاخىرقى هاياتىغىچە مۇشۇ پىرىنسىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ دۇنيادىن كەتسۇن، ئاندىنبۇ پىرىنسىپقا سەل قاراپ هاراق ئىچسۇن؟!

بۇ راپىزىلارنىڭ تۆھمەتلىرى بولۇپ هەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ، شىئە-راپىزىلارنى سۆپەتلەپ: "ئۇلار ئومۇمەن ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدىكى ئەڭ يالغانچى كىشىلەردۇر دېگەن". ["پەتىۋالار توپلىمى" 27-توم 125-بەت].

ھەدىس تويلاملىرى ۋە ساھابىلاردىن بايان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ھېچ بىرىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل تېپىلمايدۇ. بەلكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شاراپ ئىچكەنلىكى بايان قىلىنغان، ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىق ۋەقەلىكىدە بايان قىلىنغان، زەھەرلىك خەنجەر ئۇرۇلغاندىن كېيىن دوختۇر ئۇنىڭغا شاراپ ئىچكۈزگەن.

شاراب (نەبىز) دېگەن سۆز ھاراقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. خورما ياكى ئۈزۈمنى سۇغا چىلاپ ئىچىتىلمىغان دەرىجىدە تەييارلانغان ئىچىملىك بولۇپ، ئازراق تەم پەيدا بولغاندا ئىچىشكىمۇ ئىشلىتىلىنىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىچكىنى كېيىنكىسى يەنى خورما ياكى ئۈزۈمنىڭ تەمى كىرگەن تاتلىق ئىچىملىكتىن ئىبارەت. بۇنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ ئىچكەن، ئالىملار بۇنى ئىچىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كەينىگە مىندۈرۈپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە ئىچىدىغان نەرسە تەلەپ قىلدى، بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا شاراپ كەلتۈردۇق،
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىچىپ ئاشقىنىنى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەردى ۋە: ناھايىتى ياخشى، تەملىك تەييارلاپسىلەر، دائىم شۇنداق قىلىڭلار، دېدى. [مۇسلىم رىۋايىتى 1316-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئۈزۈم ياكى باشقا مېۋىلەر بىلەن تەمى تاتلىق قىلىنغان، مەس قىلمايدىغان ئىچىملىك بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت چىلانسا مەس قىلغۇچى ئىچىملىككە ئۆرىلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئىچىش چەكلىنىدۇ". ["سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى" 9-توم 64-بەت].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "(نەبىز) ئىچىملىكنى قاينىتىلمىغان، تەمى ئۆزگەرمىگەن، تاتلىق ۋاقىتىدا ئىچىش دۇرۇس بولىدۇ، ئىسلام ئالىملىرى بۇنى ئىچىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن". ["سەھى مۇسلىمنىڭ شەرھىسى" (13-توم 174-بەت].

شۇنىڭدىن ھەيران بولىمىزكى! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارتۇقچىلىق، پەزىلىتى ۋە ئىمانى قۇۋۋىتى، ئۇ كىشىنىڭ مۇشۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىنكى ئەڭ ھۆرمەتلىك زات ئىكەنلىكى بۇنىڭغا بارلىق ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى، ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇپە مەسچىتىدە مۇنبەردە تۇرۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىغا گۇۋاھ بولغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان تۇرۇقلۇق، تۆھمەتچىلەر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بايان قىلىنغان ئوچۇق دەلىللەرگە نەزەر سالماستىن، (نەبىز ئىچىملىكىدىن ئىبارەت) ئىككى تەرەپكە ئېھتىماللىقى بولغان بىر سۆز ئارقىلىق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامىغا داغ تەككۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. مانا بۇئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە سۆپەتلىگەن دىللىرى ساغلام بولمىغان كىشىلەرنىڭ يولىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:
فَأَمَّا الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَابَهَ مِنْهُ ابْتِغَاءَ الْفِتْنَةِ وَابْتِغَاءَ تَأْوِيلِهِتەرجىمىسى: دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا

مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). [ئال-ئىمران سۈرىسى 7-ئايەت].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.